# ئەمگەك ئارقىلىق كەلگۈسىنىڭ باش قەھرىمانلىرىنى يارىتايلى

تىيانشان مۇلاھىزىسى

□جاڭ بېي

1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ئەمگەككە مەدھىيەلەيدىغان، ئەمگەكچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان بايرام، بۇ يىلقى ئەمگەكچىلەر بايرىمىنىڭ «ئەمگەك تەربىيەسى»دىن ئىبارەت چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك يەنە بىر باش تېمىسى بار. يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «يېڭى دەۋردىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەمگەك تەربىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئېلان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەمگەك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كونكرېت يېتەكچى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمگەك تەربىيەسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەخلاق يېتىلدۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارنى ئاشۇرۇش، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش، گۈزەل پەزىلەت يېتىلدۈرۈشتەك ئۈنۋېرسال ئادەم تەربىيەلەش قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمگەك بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىدىكى زۆرۈر ئامىل، ئەمگەك ئارقىلىق ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، كەلگۈسىنىڭ باش قەھرىمانلىرىنى يارىتىش تەربىيەلەشنىڭ زۆرۈر مەزمۇنى.

ئەمگەك ياشاشنىڭ ئاساسى، مىللەتنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنىڭ ئۇلى، ئەقلىي ئىقتىدار دەۋرىدىمۇ شۇنداق. ئەمگەك تەربىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تۈزۈمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنىڭ ئەمگەك روھى قىياپىتى، ئەمگەك قىممەت يۈزلىنىشى ۋە ئەمگەك ماھارىتى سەۋىيەسىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ. تەربىيە جەريانىدا بىلىمگە ئېرىشىش ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن ئەمگەكتىن ئىبارەت ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان تەربىيە ئۇسۇلى كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەردە كەم بولسا بولمايدىغان «زۆرۈر دەرس»تۇر.

بۇ يىلقى «جۇڭگو شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسى»دە، ئون ياشلارغا كىرگەن كىچىك ماھىرنىڭ بىلىدىغان شېئىرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سوئاللارغا سۈدەك جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، بىراق شېئىرنىڭ مىسرالىرىغا ماس كېلىدىغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سۈرەتلىرىنى تاللاشتا، كىچىك ماھىرنىڭ بېشى قاتتى، ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ مەزمۇندىكى سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدى. پروگراممىغا باھا بېرىدىغان ئەزىز مېھمان مۇنداق بىلدۈردى: «بۇ سوئال زامانىۋى شەھەردە چوڭ بولغان بالىنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن». ئەمەلىيەتتە مۇسابىقىگە قاتناشقان كىچىك ماھىرلا ئەمەس، تۇرمۇشتا يەنە نۇرغۇن بالا شېئىر ـ نەزمىلەرنى پىششىق يادقا بىلسىمۇ، بىراق يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت تېرىلغۇ ـ تېرىم ئىشلىرىنى بىلمەيدۇ، «بىلۈرسىزمۇ بۇ تائاملار جاپالىق ئەجىرنىڭ ھوسۇلى» دېگەننى شۇ ھامان يادلاپ بېرەلىسىمۇ، بىراق ئاشلىقنى ئىسراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن بىئارام بولمايدۇ. ئەمگەك تەربىيەسى كەمچىل بولغانلىقتىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم ياشلار، ئۆسمۈرلەردە ئەمگەك نەتىجىلىرىنى قەدىرلىمەيدىغان، ئەمگەك قىلىشنى خالىمايدىغان، ئەمگەك قىلىشنى بىلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى، بۇ ئەمگەكنىڭ دەل بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئىكەنلىكىنى، ئۆگىنىش جەريانىدا ئىشلىتىش، ئىشلىتىش جەريانىدا ئۆگىنىشنىڭ ئەلا سۈپەتلىك تەربىيە ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتۇر، ھالبۇكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىن ئىبارەت بىپايان زېمىن ئەمگەك تەربىيەسىنىڭ ئەڭ ياخشى دەرسخانىسى بولۇشى كېرەك.

ئەلۋەتتە، ئەمگەك تەربىيەسى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇنى ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى ئېتىزلارغا ياكى زاۋۇتلارغا بېرىپ جىسمانىي ئەمگەك قىلدۇرۇش دەپ بىر تەرەپلىمە چۈشىنىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئەمگەك تەربىيەسى ئەمگەك ئېڭىنى ئويغىتىش، ئەمگەك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتىگە ئىگە قىلىش ۋە ئەمگەك پوزىتسىيەسىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئەمگەك تەربىيەسىنىڭ شەكلىنىمۇ ئوخشاش بولمىغان ياشتىكىلەر، ئوخشاش بولمىغان رايونلارغا ئاساسەن، كەسپ يېڭى ھالىتى، ئەمگەك يېڭى ھالىتىگە بىرلەشتۈرۈپ قانات يايدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن دىققىتىنى تارتقان تور سىن بىلوگىنىڭ ئىگىسى لى زىچى يېزا تۇرمۇشىنى سىنغا ئېلىپ مىليونلىغان مەستانىنى جەلپ قىلدى. ئۇنىڭ سىنىدا، ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق، كۈزلۈك يىغىم، ھەربىر ۋاق تاماقنىڭ ھەممىسىدە ئەمگەك گۈزەللىكى مۇجەسسەملەنگەن؛ ئەجەبا بۇ سىننى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۈن ـ كۈنلەپ خام ماتېرىيال توپلىشى، ئىجادىيەت قىلىشى، سىننى كىرىشتۈرۈشى جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچكە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن بىر خىل ئەمگەك ئەمەسمۇ؟ ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمگەككە تايىنىپ ئېرىشكەن خۇشاللىق جەزمەن ئازادىلىك ۋە باياشاتلىققا ئىگە قىلىدۇ، يەنە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالاقە تورى دەۋرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تېخىمۇ كۆپ ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ھېكايىسى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىنى تەربىيەلەۋاتىدۇ. ئەمگەك كەسىپ ئايرىمايدۇ، يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىمايدۇ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئەمگەك يارىتالايدۇ.

بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا «ئۆز جايىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بېرىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا مۇلازىمەت قىلىش» تەشەببۇسنامىسى چىقارغاندا، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشۇپ، توردا دەرس ئاڭلاشقا دەخلى يەتكۈزمەسلىك، ئۆزىنى ياخشى مۇداپىئە قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى بېغىشلىدى. كەڭ ئېتىزلىق ئەڭ جانلىق چوڭ دەرسخانا، بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلار كەسپىي بىلىمنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىشلىتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئەمگەكچى خەلققە بولغان مۇھەببىتى ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. بۇنداق دەرسخانىنى ئائىلىلەردە، مەكتەپلەردە، جەمئىيەتتە كەڭ ئومۇملاشتۇرۇپ، بالىلارغا ئەمگەك ئەڭ شەرەپلىك، ئەمگەك ئەڭ يۈكسەك، ئەمگەك ئەڭ ئۇلۇغ، ئەمگەك ئەڭ گۈزەل دېگەن داۋلىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى چوڭ بولغاندا تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدىغان، ئىخلاس بىلەن ئەمگەك قىلىدىغان، ئىجادىي ئەمگەك قىلىدىغان ئەمگەكچىلەردىن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

# مەنزىرە رايونلىرى كۆڭۈل قويۇپ كاپالەتلىك قىلدى سىياھەتچىلەر خاتىرجەم سىياھەت قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىلەت سېتىۋالغىلى كەلگەن سىياھەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، سىياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزى دەرھال زال ئىچىدىكى ئادەم سانىنى كونترول قىلدى، پىدائىيلار بىلەت سېتىۋالىدىغان سىياھەتچىلەرنى ئىشىك سىرتىدا ساقلاپ، تەرتىپلىك رەتكە تىزىلىپ كىرىشكە يېتەكلىدى. نارات سىياھەت مەنزىرە رايونى سىياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا، كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئەسكەرتىش تاختىسىدا سىياھەتچىلەرگە ئۆزئارا 1.5 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ، ماسكىنى ياخشى تاقاپ، تەرتىپلىك رەتكە تىزىلىپ كىرىش ئەسكەرتىلگەندى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق باغچىسىدا، خىزمەتچى خادىملار توكلۇق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ باغچە ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ سىياھەتچىلەرگە ئارىلىق ساقلاشنى ئەسكەرتتى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، باھار گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان قاناس مەنزىرە رايونى تۈركۈم ـ تۈركۈم سىياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. قاناس مەنزىرە رايونىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇپ، كىشىلەر ئېقىمى كۆپرەك بولغان مەنزىرە نۇقتىلىرىدا تارقاقلاشتۇرۇش ئەسكەرتمىسى بېرىپ، سىياھەتچىلەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدى.

مۇخبىر ئۈرۈمچى تىيانشان چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونى تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ سىياھەتكە كەلگەن سىياھەتچىلەرنىڭ ئاپتوموبىل دېرىزىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۈشۈرۈپ، راۋاق يۈرۈش كودىنى كۆرسىتىپ، بېلىكنى چىقىرىپ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. خىزمەتچى خادىملارنىڭ بەزىلىرى ئاپتوموبىللارنى دېزىنفېكسىيە قىلىۋاتاتتى، بەزىلىرى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەۋاتاتتى، بەزىلىرى ئاپتوموبىل ئىچىدىكى ئادەم سانىنى خاتىرىلەۋاتاتتى. 30 سېكۇنتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئاپتوموبىلىمىز تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش پونكىتىدىن ئۆتۈپ ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىغا كىردى.

**ئالدىن كېلىشىش تەرتىپلىك سىياھەت قىلىش**

«1 ـ ماي» مەزگىلىدە، سىياھەتچىلەر ھۆكۈمەت تور بېكىتى، ئاممىۋى نومۇر، ئۈچىنچى تەرەپ سۇپىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىشىك بېلەتنى ئالدىن زاكاز قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلار سىياھەتچىلەرنى ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ سىياھەت قىلىشقا يېتەكلەپ، سىياھەتچى ئېقىم مىقدارىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەللىنى ئالدىغا سۈرۈپ، پاسسىپ ھالدىكى نەق مەيداندا تارقاقلاشتۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىياھەتتىن بۇرۇنقى پىلانلاش ۋە يېتەكلەشكە ئۆزگەرتىپ، سىياھەتچىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىش ۋاقتىنىڭ زىيادە مەركەزلىشىپ قېلىشىدىن ساقلاندى.

قاناس ئاقىل سىياھەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى يې يۈچىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «1 ـ ماي» مەزگىلىدە، قاناس مەنزىرە رايونى توردا ھەقىقىي نام بىلەن ۋاقىتقا ئايرىپ ئالدىن كېلىشىشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، مەنزىرە رايونىنىڭ سىغدۇرۇش مىقدارىنىڭ 30%ىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك تەلىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىياھەتچىلەرنى باغچىغا كىرىش ۋە سىياھەت قىلىش مەزگىلىدە تارقاقلاشتۇرۇش، راۋانلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، مەنزىرە رايونىنى سەيلە قىلىشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«ۋاقىتقا ئايرىپ ھەقىقىي نام بىلەن ئالدىن كېلىشىش ئارقىلىق سىياھەتچىلەرنى سىياھەت مۇساپىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۈنۈملۈك يېتەكلەپ، ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ساقلاش ۋاقتىنى ئازايتىپ، مەنزىرە رايونى تىجارىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى يې يۈچىڭ.

نارات سىياھەت مەنزىرە رايونى قانۇن ئىجرا قىلىش چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى دىڭ خۇجۈڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مەنزىرە رايونى سىياھەتچىلەرنى توردا ۋە تور سىرتىدا ئالدىن كېلىشىش شەكلى ئارقىلىق مەنزىرە رايونىغا كىرىشكە ئورۇنلاشتۇردى ھەم مەنزىرە رايونىغا كىرىدىغان ئادەم سانىنى ماس قەدەمدە كونترول قىلدى. سىياھەتچىلەر سانى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەندە، مەنزىرە رايونى بىلەت سېتىشنى ۋاقىتلىق توختىتىش ھەم ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇرى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەنزىرە رايونى سىياھەتچىلەرنى ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ كۈتۈۋېلىشنى يولغا قويدى.

ئۈرۈمچى تىيانشان چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونىنىڭ مەسئۇلى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مەنزىرە رايونى كۈندىلىك سىياھەتچى سانىنى 6000 ئەتراپىدا كونترول قىلدى، يۇقىرى چەككە يەتكەندە، دەرھال بىرى چىقسا بىرنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سىياھەتچى سانىنى قاتتىق كونترول قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۆچىرەتتە تۇرۇپ تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىغا كىرىشنى كۈتۈۋاتقان ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى لى رەن مەنزىرە رايونىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىدىن رازى بولدى. ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ شيەنلەي كىچىك بازىرىنى سىياھەت قىلغىلى كەلگەن ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى ۋاڭ جۈەن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ھازىر، مەنزىرە رايونىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا ماسلىشىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۆزىمىزگە مەسئۇل بولغانلىق بولۇپلا قالماي، باشقىلارغىمۇ مەسئۇل بولغانلىق».

# ئۈرۈمچىدە بازار ئىستېمالى جانلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ناھايىتى تېزلا ئىستېرېئولۇق تۈيغۇ بېرىدىغان نىلۇپەر گۈلنىڭ نۇسخىسىنى خېرىدارلارنىڭ بىلىكىگە سىزدى. ««1 ـ ماي»نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، بىز بىر قانچىمىز ئۆيدە ئۈچ كۈن كېچە دۇكاننى بېزىدۇق، بۈگۈن دۇكانغا كىرگەن خېرىدارلار نەچچە كۈن ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك كۆپ بولدى!» دېدى دۇكان ئىگىسى لى ياشۋاڭ خۇشال ھالدا مۇخبىرغا دۇكاندا لىققىدە تىزىلغان ھۈنەر ـ سەنئەت رەسىملىرى، قولدا ئىشلەنگەن ئەتىرگۈل يۇرۇشلۇك زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

مۇخبىر بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلبايراق يولى كومپيۇتېر شەھەرچىسىگە كىرىپ، نۇرغۇن سۈپەتلىك ماركا دۇكانلىرىنىڭ «1 ـ ماي»لىق ئېتىبار بېرىش ئېلانلىرىنى چىقارغانلىقىنى كۆردى. «بىز باھادا ئېتىبار بېرىپلا قالماي، يەنە سىمسىز مائۇس ۋە كومپيۇتېر سومكىسىنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردۇق. يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، ئالدىنقى تۆت ئايدا خېرىدارلار ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە يەتمىدى، يېقىندا سېتىش سوممىسى ئېشىشقا باشلىدى، داشۆشېڭ خېرىدارلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى» دېدى خۇيپۇ كومپيۇتېر مەخسۇس سېتىش دۇكىنىنىڭ دۇكان خىزمەتچىسى سەي جى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ياشىن تۇرمۇش مەيدانىدا، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاسما ئېلانلىرىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قىزلار زور قىزىقىش بىلەن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى تاقاپ سىناپ، يېڭى مودا كىيىملەرنى تاللاپ سېتىۋېلىۋاتاتتى. «ياز كېلەي دېدى، دۇكاندىكى مودا، خاسلىقنى نامايان قىلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەر ھەممىدىن بەك ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ، سودا ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ ـ دە» دېدى لوشۆەن كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىنىڭ دۇكان خىزمەتچىسى بىر تەرەپتىن خېرىدارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلەرنى سىناپ بېقىشىغا ياردەملىشىپ، بىر تەرەپتىن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ.

دوستلۇق يولى سودا چەمبىرىكى ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرى ئەڭ ياقتۇرىدىغان، چوقۇم بارىدىغان جايلارنىڭ بىرى. مۇخبىر دوستلۇق سودا سارىيى، تەيبەي مال سېتىۋېلىش مەركىزى، فۇجيېڭ خەلقئارا مال سېتىۋېلىش مەركىزى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ئادەم ئېقىمىنىڭ ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدىن كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەنلىكىنى كۆردى. دوستلۇق سودا سارىيى تىجارەت مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ما يۈ مۇنداق دېدى: «1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە خېرىدارلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى.

دوستلۇق يولى سودا چەمبىرىكىدىكى جېڭشىن يالپاقلانغان توخۇ گۆشى دۇكىنىدا، دۇكان ئىگىسى تۈ شىمىڭ بىلەن دۇكان خىزمەتچىلىرى ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەندى. ھامبۇرگ بولكىسى، يالپاقلانغان توخۇ گۆشى، ئۇزۇنچاق توخۇ گۆشى، ئەتكەنچاي... سېتىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان خېرىدارلار ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ كەتكەنىدى. دۇكان ئىگىسى يەنە پۇل تۆلەش ئورنىغا مەخسۇس ئىسپىرت، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى پۈركۈگۈچى، دېزىنفېكسىيە قەغىزى قاتارلىق بۇيۇملارنى قويۇپ، خېرىدارلارنىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئېلىپ ئىشلىتىشىگە قولايلىق يارىتىپ بەرگەنىدى. «سەھەردە دۇكاننى ئېچىشىم بىلەنلا خېرىدارلار بۇنچە كۆپ بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، بۈگۈن مېنىڭچە 200 يۈرۈشتىن كۆپرەك سېتىلىشى مۇمكىن» دېدى تۈ شىمىڭ خۇشال ھالدا.

ئوخشاشلا، ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى دۇڭباۋ كۆزەينەك توپ سېتىش شەھەرچىسىدە، مۇخبىر نۇرغۇن كىشىنىڭ ئاپتاپ كۆزەينىكى سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى، يەنە بەزى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تەكشۈرتۈپ كۆزەينەك بۇيرۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. «بۇ يىل يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە بازار تىجارىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن سۇسلاپ كەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن باشلاپ، بىز ‹1 ـ ماي›لىق ئېتىبارلىق سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيىتىنى يولغا قويدۇق، بۇ بىر نەچچە كۈندە خېرىدارلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى» دېدى كۆزەينەك شەھەرچىسىنىڭ مەسئۇلى، دۇڭباۋ ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باش دىرېكتورى چېن دېجى خۇشال ھالدا.

# مەدەنىيەت ھىدى كۈچلۈك دەم ئېلىش مەزگىلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كىتاب شەھەرچىسىنىڭ 1 ـ قەۋەتتىكى پۇل ئېلىش رايونىدا، بىرقانچە پۇل ئېلىش پوكىينىڭ ئالدىدا خېرىدارلار ھېسابات قىلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى، شەھەر ئاھالىسى ۋاڭ جىنخېي ئائىلىسىدىكىلەرمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «بۈگۈن بىز بىر ئائىلىدىكى تۆتەيلەننىڭ ھەممىمىز كىتابخانىغا كەلدۇق، چوڭ ئوغلۇمغا ‹تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى› ۋە ‹قەدىمىي ئەسەرلەر توپلىمى›، كىچىك ئوغلۇمغا ‹خەت تونۇشتىن ئاساس›، ئۆزۈمگە ‹بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش› دېگەن كىتابلارنى سېتىۋالدىم».

3 ـ قەۋەتتىكى بالىلار كىتابلىرى رايونىدا، نۇرغۇن بالا كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. شەھەر ئاھالىسى ۋاڭ لىڭلىڭ سەككىز ياشلىق چوڭ ئوغلى ۋە تۆت ياشلىق كىچىك ئوغلى بىلەن يەردىلا ئولتۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. «بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى مەن دائىم بالىلارنى كىتاب شەھەرچىسىگە ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلاردا كىچىكىدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرمەكچىمەن» دېدى ۋاڭ لىڭلىڭ.

شىنجاڭ مۇزېيى ئىنچىل سىياھەتچىلەر چوقۇم بارىدىغان «توردا ئالقىشلانغان» جاي. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مۇزېي ئېچىلىشى بىلەنلا، ئالدىن كېلىشىپ قويغان سىياھەتچىلەر تەرتىپ بىلەن مۇزېي ئىچىگە كىردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، چىرايىدىن گۆدەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بالىلارمۇ، ئاپئاق چاچلىق ياشانغانلارمۇ بار ئىدى. «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» كۆرگەزمە زالىدا قەدىمىيلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان كۆرگەزمە بۇيۇملىرى نۇرغۇن سىياھەتچىنى جەلپ قىلدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى لى چۈنيەن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مەن شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە ناھايىتى قىزىقىمەن، دەم ئېلىش مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ مۇزېيغا ئېكسكۇرسىيەگە كەلدىم.

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتە، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)دا ئولتۇرۇشلۇق جياڭ لىڭلىڭ شىنجاڭ كۇتۇپخانىسىغا كېلىپ، ئېلېكترونلۇق كىتاب ئارىيەت ئېلىش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر ئاي بۇرۇن ئارىيەت ئالغان كىتابىنى قايتۇردى، يەنە «تېپىشماق» «ئېزوپ مەسەللىرى» «بالىنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇش» قاتارلىق كىتابلارنى ئارىيەت ئالدى. «تۈنۈگۈن كۇتۇپخانىنىڭ ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرىدا ئالدىن كېلىشىپ قويغان بولغاچقا، بۈگۈن كۇتۇپخانىغا كېلىپ كىتاب ئارىيەت ئېلىشىم، كىتاب قايتۇرۇشۇم ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى.» جياڭ لىڭلىڭ مۇنداق دېدى: مەن يەنە ئۆزۈمگە «مۇنداق سۆزلىسىڭىز خېرىدارلار ياقتۇرامدۇ» دېگەن كىتابنى تاللىدىم، دەم ئېلىش مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرەي دەيمەن.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «1 ـ ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى «كىتاب ھىدىغا تولغان شىنجاڭ بۇلۇت سۇپىسىدا كىتاب ئوقۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ، ئالاھىدە ساقلانغان قەدىمىي كىتابلار كۆرگەزمىسى، كىتاب ئوقۇشتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، نۇرغۇن تورداشلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلدى.